## 1183 ـ قولتۇقنىڭ تۈكىنى ساتىراشنىڭ ئۈستىرىسى ياكى تىغ دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئېلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

ساتىراشلار ئىشلىتىدىغان مەخسۇس تىغ بىلەن قولتۇقنىڭ تۈكىنى ئېلىش توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

توغرا بولىدۇ، چۈنكى، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇپ ئېلىش ياكى تىغ-ئۈستىرىدا ئېلىش ياكى بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، يۇلۇپ ئېلىش ياخشى بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ئىش تۇغما تەبىئەتتىن: خەتنە قىلىش، بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ۋە ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش قاتارلىقلاردۇر».

[بۇخارى ۋە مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].